# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى چىڭ تۇتۇشى، بولۇپمۇ دوختۇرخانىلاردا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرى مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاپ ساقايتىلغان ئاغرىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. بېيجىڭ شەھىرى نۇقتىلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زۆرۈر بولغان خادىملارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەش تەدبىرلىرىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى مەيدان - سورۇنلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاممىنى زۆرۈر بولغان شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلىشى كېرەك. «1 - ماي» مەزگىلىدە قاتناش قوراللىرى، مەيدان، بېكەتلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، مەنزىرە رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشنى، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كىرىش خاراكتېرلىك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، پورتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە چېگرادىن كىرگەنلەرنى مەركەزلىك ئايرىش مۇداپىئە لىنىيەسىنى چىڭ ساقلاپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ئالاقىدار دۆلەتلەرنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا داۋاملىق پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەريانىدا، خۇبېي ئۆلكىسى، بولۇپمۇ ۋۇخەن شەھىرىدىكى خەلق ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى، ناھايىتى زور قۇربانلىق بەردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى كاپالىتىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق بىرقەدەر زور بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ، مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە - كرېدىت، تاشقى سودا - مەبلەغ سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئالاقىدار تارماقلار خۇبېي ئۆلكىسى بىلەن بىللە تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، تېزدىن جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش نورمال تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بازارنى، كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، كارخانا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاپتوموبىل ياسىمىچىلىقى، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، يېڭى ماتېرىيال، بىيو تېببىي دورا قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشى كېرەك. بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەرنى قوزغىتىپ، ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھە ۋە 5G، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىشى كېرەك. چىلگە شال قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىدا 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنى 2020 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىش قارار قىلىنغان ھەم يىغىن قارارىسى تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئېغىر، زور يۇقۇمى تارقالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنىدا 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ ئېچىش، كونكرېت يىغىن ئېچىش ۋاقتىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئايرىم بېكىتىش قارار قىلىندى.

ھەر جەھەتتىكى ئامىللار ئۇنىۋېرسال كۆزدە تۇتۇلۇپ، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىدا: 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنى 2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «بىر بەلباغ، بىر يول»نى قۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن يەر شارى ۋەزىيىتىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتتى. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە پائال سىڭىشىپ، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، مۇھىم، زور پۇرسەتنى ئىگىلەپ، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت، قىممەتلىك سىياسەت پۇرسىتى ۋە ئالاھىدە تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق پايدىسى ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، يادرولۇق رايوننىڭ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، نىشان - تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، مۇھىت ئەۋزەللىكى، ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكى، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يېتەكلەش خاراكتېرلىك، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ سىياسەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، باغچە رايونىدىكى كەسىپلەرنى زورايتىپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تىرەك قىلىپ، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى، داۋالاش مۇلازىمىتى مەركىزى، مەدەنىيەت، پەن - مائارىپ مەركىزى، رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ پەرقلىق ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەت چوڭ ۋەزىيىتىگە قويۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، زىچ ماسلىشىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك. دۆلەت سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يىرىك پىلانلارنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىنى قوزغىتىشنى تېزلىتىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەت بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىنى قوزغىتىشنى تېزلىتىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش چۆرىدىلىپ، ھازىرقى ساياھەتچىلىكتە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋاقتىنچە شىنجاڭ سىرتىدىكى، چېگرا سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماسلىق ۋە توپلىنىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرتىدە، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قوزغىتىشنى تېزلىتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىنى قوزغىتىشنى تېزلىتىش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەشنى باشتىن - ئاخىر چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدا چەك قويۇپ ئېچىۋېتىش، ئالدىن كېلىشىپ ئېچىۋېتىش، تەرتىپلىك ئېچىۋېتىش، ئارىلىق قالدۇرۇپ باغچىغا كىرىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايونلار ۋە مۇھىم تۈگۈنلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ پەيتلىك توپلىشىپ قېلىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. خەۋپ - خەتەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىق لايىھەسىنى ياخشى ئىشلەپ، ساياھەت بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «شىنجاڭنى سۆيۈش. يۇرتنى ساياھەت قىلىش» شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت ئىستېمالى يوشۇرۇن كۈچىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزغىتىشى كېرەك. كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىپ، ياخشى تۇتۇپ، يېزا - كەنت ساياھەت كەسپى تۈرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا قويۇشنى تېزلىتىشى كېرەك. «كۈلۈمسىرىگەن شىنجاڭ» ساياھەت مۇلازىمىتى مەخسۇس ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى قوزغىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساياھەت ئېھتىياجى ۋە مەنزىرە رايوننى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان يېڭى ئارزۇسىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشى كېرەك.

---

## شىنجاڭدىن ئۈچ كىشى

# 2020 - يىللىق «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ياخشى ياشلار» قاتارىغا تاللاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى 2020 - يىللىق «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ياخشى ياشلار» تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 149 مۇنەۋۋەر ياش ۋە بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ئەترىتى قاتارلىق تۆت ياشلار توپى بۇ شەرەپكە ئېرىشتى. شىنجاڭ خوتەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابدۇغېنى لېتىپ «ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان ياخشى ياشلار» قاتارىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى بۆرتوقاي يېزىسى ئاقچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى پاشاگۈل كېرەم ھەم تارىم داشۆسى ئۆسۈملۈك ئىلمى شۆبىۋىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ليۇ يىفېي «نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى ياشلار» قاتارىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

بۇ يىل 35 ياشقا كىرگەن ئابدۇغېنى لېتىپ ساقچى بولغان 12 يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارمىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلغان، ئۇ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتى ۋە خەلق ساقچىلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئىلگىرى شەرەپ بىلەن «پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» «شىنجاڭ ياشلار 4 - ماي مېدالى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

1983 - يىلى تۇغۇلغان پاشاگۈل كېرەم يېزىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشتىكى باشلامچى بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1306 كىشىنى ئىشلەمچىلىككە ھەقسىز تەشكىللىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئەزالىرىدىن 521 كىشى بولۇپ، نامرات ئاممىنىڭ جەمئىي 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشىغا ياردەم بەرگەن. 13 يىللىق ئىشلەمچىلىك ھاياتىدا، ئۇ قىزغىنلىقى، قابىلىيەتلىكلىكى ئارقىلىق كەڭ دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، كۆپچىلىك ئۇنى سەمىمىي ھالدا «قىزغىن ھەدە» «قىزغىن گۈلى» دەپ ئاتىغان. ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى، «شىنجاڭ ياشلار 4 - ماي مېدالى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

1986 - يىلى تۇغۇلغان ليۇ يىفېي ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭدىن تارىم داشۆسىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە پائال ئاتلىنىپ، خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردا تۇرۇپ پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە يېتەكلىك يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشنى قانات يايدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پەن تەتقىقاتتا يېتەكلىك يارىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇملۇق، چۆل - باياۋان ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى كەسپىگە ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى جابدۇقلارنى تەتقىق قىلىپ ئاچقان، قۇملۇق ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئوندىن ئارتۇق تۈردە دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشكەن ھەم شىنجاڭدىكى كارخانىلار بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرغان. جەمئىي 5000دىن ئارتۇق كۈن نۇرى پارنىكىنى كېڭەيتكەن، قۇملۇقتىن پايدىلىنىش كۆلىمىنى 9000 مودىن ئاشۇرۇپ، ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى شياڭجۈن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى كۆپ قېتىم كارخانىمىزغا كېلىپ ياردەم بېرىپ، بىزنى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدى، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، زىيانىنى تولدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار.

جۇڭگو بىناكارلىق - قۇرۇلۇشى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ شۇۋجۈك مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشنى ماسلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ياردەم بەرگەندىن سىرت، يەنە ئىشچى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. كارخانا تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەت تەلىپىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىرىشىپ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى «لۇبەن مۇكاپاتى» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىمارەت قۇرۇپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ.

ھازىر، تۇپا قېزىش مەشغۇلاتىغا قاتناشقان ئىشچى 800دىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ يېرىمى ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن بولۇپ، نۇقتىدىن - نۇقتىغا توشۇش ئۇسۇلى بويىچە، ھۆددىگە ئالغان ئاپتوموبىل بىلەن بىۋاستە توشۇلۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ تېز سۈرئەتتە قۇرۇلۇش مەيدانىغا كىردى، قالغان يېرىمى شۇ يەرلىك ئىشچىلار، ئۇنىڭ ئىچىدە يېقىن ئەتراپتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر قوبۇل قىلىندى. ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى يۇقىرى پەللە مەزگىلگە كىرگەندىن كېيىن، ئىشلىتىلىدىغان ئىشچى سانى 2000 ئەتراپىغا يېتىدۇ.

ۋەندا گۇرۇھى قەشقەر ۋەندا مەيدانى تۈر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى سۇن يىڭكۇي مۇنداق بىلدۈردى: ۋەندا مەيدانىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ماكانلىشىشىدا قەشقەرنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىكى رايون ئەۋزەللىكى ھەم ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچى كۆزدە تۇتۇلغان.